
مۇھەببەت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# زىمىن، ئەزىزىڭنىڭ ئامان بولسۇن!

## مۇھەببەت ئاسراش — تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# زېمىن، ئەزىز تېنىڭ ئامان بولسۇن!

مۇھىت ئاسراش — تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى

ئاپتورى: خېرسېپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەستاغپۇرۇللا، قۇياش بوۋا ساھىلنى قىزىتىپ پۈتۈمنى كۆيدۈرۈۋەتتى! ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق! ئازراق شامالمۇ يوق! ئاسماندا بۇلۇتمۇ يوق! كۈندىن دالدىلىنىدىغان ئورۇنمۇ يوق... پىشىپ قالاي دېدۇق! ئويلاپ باقايلى! ناۋادا يەر شارى چېكى يوق قۇملۇققا ئوخشاش، سۇ، ئۆسۈملۈك، ھايۋان، سايىۋەن شۇنداقلا ھېچنېمە بولمىسا، پەقەت قۇملا بولسا... ئۇنداقتا قانداق ئېچىنىشلىق ئىش يۈز بېرەر؟





تۇپراق ــ يەر شارىمىزدىكى جانلىقلارنىڭ
ياشاش ئۈچۈن تايىنىدىغان ئاساسى. تۇپراق
مۇنبەت بولسا ئۆسۈملۈكلەر مەزمۇت ئۆسىدۇ.
سىز كۆرۈۋاتقان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى ئاسا-
سى جەھەتتىن تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرىدۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناۋادا تۇپراقتا ئوزۇقلۇق ماددا كەملەپ، قاغجىراپ، ئۈنۈمسىز بولسا ھېچنېمە ئۈنمەيدۇ. بۇ ئافرىقا قىتئەسى نامىبىيە قۇملۇقىنىڭ قۇم بارخانلىرى بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىسسىق، ئەڭ قەدىمىي قۇملۇق، يەنە شۇنداقلا ئەڭ قۇرغاق قۇملۇق. قۇملۇق مەركىزىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىنى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، بىزنىڭ بىر قېتىمدا يۇيۇنۇشىمىزغا كېتىدىغان سۇنىڭ مىقدارىغا ئاران تەڭ كېلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



تۇپراق ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. توشقان، ئات، زېبرا، پىل ۋە زىراپە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ يەيدىغان ئوزۇقلۇقى زېمىندىن ئۆسۈپ چىققان ئۆسۈملۈكلەردۇر. ناۋادا زېمىندىكى تۇپراقتا ئوزۇقلۇق ماددا، سۇ كەمچىل بولسا ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ھايۋانلارمۇ ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. سىز كۆرۈۋاتقان بۇ يايلاق ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرق قىسمىدىكى سېرېنگېتى يايلىقى، بۇ ھايۋانلار كالا بۆكەن دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە نەچچە يۈزمىڭ كالا بۆكەن بار. ھەر يىلى قۇرغاقچىلىق پەسلىدە ئۇلار بىرلىكتە شىمالغا قاراپ كۆچۈپ، يۇمران ئوت - چۆپلەرنى ئىزدەيدۇ.



سىز مېنى كۆردىڭىزمۇ؟ مەن بىر تىراكتورنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋالدىم. بۇ ئامېرىكا ئىيوۋا ئىشتاتىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانى. كۆرۈنۈشتە، بىز خۇددى كېمىگە ئولتۇرۇپ چېكى يوق قوناقلىقتا كېتىۋاتقاندەك مەنزىرە ئەكس ئەتكەن. ئىنسانلارمۇ تۇپراقتىن ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەرگە تايىنىپ هايات كەچۈرىدۇ. ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىنسانلار بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ، مېۋىسى ۋە ئۇ-رۇقىغا ئېرىشكەن. يەر شارىدا مانا مۇشۇنداق كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلار ناهايىتى كۆپ.



www.uyghurkitap.com






www.uyghurkitap.com

تۇپراق بىزنى بېقىش بىلەن بىرگە، يەنە بىزنى قوغداپ كەلمەكتە. مەسىلەن، نۇرغۇن ھايۋانلار يەرنى كولاپ، ئۆزلىرىنىڭ ماكانىنى قۇرۇپ، ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئافرىقا قىتئەسىدىكى كالاخارى قۇملۇقى، بۇ كىچىك ھايۋانلار بولسا كۈزەن، ئۇلار ئۆزى كولىغان چوڭقۇر يەر ئاستىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۆڭكۈر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى سىرلىق ئوردىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئۆڭكۈرنى توغرا ئايرىپ، ئۆز ئۆيلىرىنى تاپالىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

هايۋانلاردىن باشقا ئىنسانلارمۇ تۇپراق ئارقىلىق ئۆزلىرى-
نىڭ تۇرالغۇسىنى ياسايدۇ، يەنە ئۆڭكۈرلەرنى كولاپ ئۇ يەردە تۇ-
رىدۇ... بەزىدە ھەتتا يەرنى كولاپ شەھەر قۇرىدۇ. ئېسكىموسلار
مۇز بولۇپ قېتىپ كەتكەن قار پارچىلىرىدىن قۇببىسىمان ئۆگزى-
لىك مۇز ئۆيلەرنى ياسايدۇ. ئافرىقا قىتئەسىدىكى ماسايلار
سېغىز توپا، شال پاخلى ۋە ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىدىن ئۆزلىرى-
نىڭ تۇرالغۇسىنىڭ قورشاۋ تېمىنى ياسايدۇ. ئاسىيا قىتئەسىدى-
كى كاپادوسىيەدە كىشىلەر تاشلارنى ئويۇپ سىرلىق ئۇردىلارغا
ئوخشاش شەھەرلەرنى قۇرغان.





www.uyghurkitap.com



تۇپراق بىزنى قوغدايدۇ، يەنە شۇنداقلا بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە موھتاج. سىز قۇملۇق ساھىلىدا كېتىۋاتقىنىڭىزدا چوقۇم سالقىن جاينى تېپىپ كۆچلۈك قۇياش نۇرىدىن دالدىلىنىشنى ئويلايسىز، ئاپتاپنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن پىشىپ قالىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىسىز. تۇپراقمۇ ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتە، ئۇمۇ ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن ۋە بوراندىن دالدىلىنىشقا ئېھتىياجلىق... ئۆسۈملۈكلەر يىلتىزى ئارقىلىق تۇپراقنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار تۇپراقنىڭ ھىمايىچىسىدۇر. ئامېرىكا فلورىدا ئىشتاتىدىكى يېشىللىقتا قاراڭ، بۇ مانگرو ئورمىنى، ئۇلارنىڭ يىلتىزى ئىنتايىن كۈچلۈك. بوران ـ چاپقۇن بولغاندا مانگرو دەرىخى تۇپراقنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق بوران ۋە يامغۇرنى توسۇپ قالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۆسۈملۈكلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسمەكتە. ئۇلار تۇپراققا تايىنىپ ئۆسىدۇ، يەنە شۇنداقلا تۇپراقنى قوغدايدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلمايمىز؟ بىز تۇپراقتىن چىققان ئۆسۈملۈكنى يەيمىز، تۇپراقنىڭ ئاستىدىكى بايلىقنى ئىشلىتىمىز، شۇنداق تۇرۇپ كۆپ ھاللاردا تۇپراقنى قوغداش ئۈچۈن باش قاتۇرمايمىز، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىمىز. ناۋادا بىز بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئاسرىمىساق، بەلكىم قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىشى، تۇپراق قۇرۇپ ئۇنۇمسىز بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر بارا ـ بارا ئۆسەلمەسلىكى مۇمكىن.






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەلۋەتتە، دۇنيادا يەنە نۇرغۇن تەبىئىي شەكىللەنگەن قۇملۇقلار بار. ئۇلار ھۆل - يېغىن ئاز بولىدىغان رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدۇ. مەسىلەن، ئافرىقا قىتئەسىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقى، چىلىنىڭ ئاتاكام قۇملۇقى، يەنە بۇ بەتتىكى رەسىمدە سىزىلغان سىمپسوم قۇملۇقى. سىمپسوم قۇملۇقى ئاۋسترالىيەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ قۇرغاق، ئەڭ قاقاس جاي. سىز ئۇ قىزىل رەڭلىك تاشنى كۆردىڭىزمۇ؟ يەرلىكلەر بۇنى ئۇرۇرۇ قورام تېشى دەپ ئاتايدۇ. گەرچە جانلىقلار بۇ يەردە ياشىيالمىسىمۇ، ئەمما بۇ بىر پارچە يەر ناھايىتى بىپايان.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كۆرۈنۈش بىزنىڭ بىر قاتار ناچار قىلمىشىمىزنىڭ پاكىتى. تۇپراقنى زى-
يادە ئېچىشىمىز ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، مۇنبەت تۇپراق قاقاس قۇملۇققا ئايلىنىدۇ.
بۇ تاغقا قارايلى، ئىلگىرى بۇ يەر يېشىللىققا پۈركەنگەن جاي ئىدى، كېيىن دەرەخ كەسكۈچىلەر بۇ
يەردىكى دەرەخلەرنى كېسىپ مۇشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇلار بارلىق دەرەخلەرنى يۆتكەپ
تۇپراققا ھېچنېمىنى قويمىدى. بۇنداق بولسا كىم تۇپراقنى ئىسسىقتىن، قار - بوراندىن ۋە يامغۇردىن
ساقلايدۇ؟



كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەر شارىدىكى قىسمەن جايلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ئەمما زىيادە ئېچىلغان. ئافرىقا قىتئەسى مالاۋى دۆلىتىدىكى تاماكىزارلىقتىن ھەر يىلى نۇرغۇن تاماكا يوپۇرمىقى يىغىۋېلىنىدۇ. بۇ يەردىكى كېشىلەر نامرات بولغاچقا، پۇل تېپىش ئۈچۈن بۇ خىل ئۆسۈملۈكنى تېرىيدۇ. ئەمما ئۇلار تۇپراقنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ئارام ئېلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. ناۋادا بىز تۇپراقنى ھازىرقىدەك داۋاملىق سىجىل ئىشلەتسەك، ئۇنداقتا يەر ئۈنۈمسىز بولۇپ، بارا-بارا ئۆسۈملۈك ئۆسمەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر قانداق تىرىكچىلىك قىلىپ جېنىنى باقىدۇ؟





www.uyghurkitap.com

ناۋادا زاۋۇتلاردىن چىققان بۇلغىمىلار خالىغانچە قويۇپ بېرىلىسە ياكى بىز خالىغانچە ئەخلەت تاشلىساق، تۇپراق ئوخشاشلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. خىمىيەلىك ماددىلار تۇپراقنى بۇلغايدۇ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىنى چەكلەيدۇ. ئويلاپ باقايلى، دوستىڭىز ئۆيىڭىزگە مېھمان بولۇپ كېلىپ، بانان شۆپىكىنى كىرىسلوغا تاشلاپ قويسا، سىز قانداق بولۇپ كېتىسىز؟ شۇڭلاشقا كېرەكسىز نەرسىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىز ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى.





كىچىك دوستلار مېنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىم بولدى، چۈنكى مەن ئۆزۈم تېرىغان كۆكتاتلارنى كۆرۈپ كەلمىسەم بولمايدۇ. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى پەمىدۇر ئۇرۇقى تېرىپ قويغانىدىم. مەن ئۇلارنى ھەر كۈنى پەرۋىش قىلىپ، سۇغىرىپ كەلدىم. مې-نىڭچە بۈگۈن تۈنجى پەمىدۇر مايسىسى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئويلاپ باقايلى، سىز ئۆزى-ڭىزنىڭ ھويلىسىدىكى تۇپراقتا ئۆستۈرگەن پەمىدۇرنى يېسىڭىز، بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش - ھە! كىچىك دوستلار، مەن كۆكتاتلىقىمغا كەتتىم.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





## ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە ئويۇن ئوينايلى!

### 1. بايراق تىكىش

**كېرەكلىك ماتېرىياللار:**


كىچىك بىر پارچە تۇپراق
ئىككى پارچە خام كۆكتات يوپۇرمىقى
بىر دانە بىئودېگراداتسىيەلىنىدىغان خالتا
بىر دانە بىئودېگراداتسىيەلەنمەيدىغان سولياۋ خالتا
ئىككى خىل رەڭلىك بايراق





**بىئودېگراداتسىيە دېگەن نېمە؟**

بىئودېگراداتسىيەلىنىدىغان خالتا بولسا بىر خىل ئاسان پارچىلىنىدىغان ھەمدە پارچىلىنىش سۈرئىتى باشقا ئورگانىك ماددا (مەسىلەن ئېشىپ قالغان تاماق، دەرەخ شاخلىرى، خازاڭ قاتارلىقلار)غا ئوخشايدىغان خالتىدۇر. بۇنداق خالتا ئورگانىك تاشلاندۇقلارنى يىغىپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما كۆپ قىسىم خالتىلار بىئودېگراداتسىيەلەنمەيدىغان سولياۋ خالتا بولغاچقا بىر تەرەپ قىلىش تەس.




**ئويناش ئۇسۇلى**

يەردىن ئىككى ئۆرەك كولايمىز. بىر پارچە خام


كۆكتات يوپۇرمىقىنى بىئودېگراداتسىيەلىنىدىغان خالتىغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىمىز ھەمدە كولانغان ئۆرەك-كە كۆمىمىز، كۆمۈپ بولۇپ يېشىل بايراقنى سانجىپ قويىمىز. ئوخشاش ئۇسۇلدا يەنە بىر پارچە خام كۆكتات يوپۇر-مىقىنى بىئودېگراداتسىيەلەنمەيدىغان خالتىغا سېلىپ، كۆمۈپ بولۇپ قىزىل بايراقنى قاداپ قويىمىز.

**قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟**

بىر ئايدىن كېيىن قىزىل بايراق ئاستىدىكى بىئودېگراداتسىيەلەنمەيدىغان خالتىنىڭ ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى، يېشىل بايراق ئاستىدىكى بىئودېگراداتسىيەلىنىدىغان خالتا ۋە كۆكتاتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ئۇلارنىڭ تۇپراقتا پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى.









www.uyghurkitap.com

## 2. سەمىمىي رەڭ

**كېرەكلىك ماتېرىياللار:**

سۇ

پاختا

ئىككى ئەينەك ئىستاكان

ئىككى تال خەتكۇچ

بىر دانە ماي قەلەم

ئىككى تال كەرەپشە

يېمەكلىك ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بوياق





**ئويناش ئۇسۇلى**

بىر خەتكۇچكە «بۇلغانغان تۇپراق»، يەنە بىر خەتكۇچكە «مۇنبەت تۇپراق» دەپ يېزىپ قويىمىز. ئىككى خەتكۇچنى ئايرىم - ئايرىم ئەينەك ئىستاكانغا چاپلايمىز، ئاندىن ئىستاكانغا پاختىنى سېلىپ، پاختا چۆككۇچە سۇ قۇيىمىز. «بۇلغانغان تۇپراق» دەپ ئەسكەرتىلگەن ئىستاكانغا يېمەكلىك ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بوياق قۇيۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرىمىز. كەرەپشىنى يانتۇ قىلىپ كېسىپ ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئىستاكانغا بىرنەچچە سائەت سانجىپ قويىمىز.





## قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟

ئىككى تال كەرەپشىنى چىقىرىپ يىلتىزىنى ئازراق كېسىۋېتىمىز. سىز نېمىنى بايقىدىڭىز؟ «مۇنبەت تۇپراق» دەپ يېزىلغان ئىستاكاندىكى كەرەپشە بۇرۇنقىسىغا ئوخشاش، ھالبۇكى «بۇلغانغان تۇپراق» دەپ يېزىلغان ئىستاكاندىكى كەرەپشە قوشقان رەڭنى سۈمۈرۈۋالىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟

ئىككى تال كەرەپشە تۇپراقتىن (پاختىدىن) ئۆزىگە كېرەكلىك ئېلېمېنتلارنى (سۇنى) سۈمۈرىدۇ. تۇپراق زەھەرلىك خىمىيەلىك ماددىلار (يېمەكلىك ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بوياق) بىلەن بۇلغانسا، ئۆسۈملۈك بۇ خىل بۇلغانغان زەھەرلىك ماددىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ... ئەگەردە كالا، قوي ياكى ئادەم بۇ خىل بۇلغانغان ئۆسۈملۈكنى ئۇقماي يەپ سالسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟







ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

图书在版编目(CIP)数据

大地身体要健康：维吾尔文 / (西) 帕劳著；(西)
库尔托绘；高小然汉译；买然木汗·那以甫维译.
—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
（地球环保小卫士丛书）
ISBN 978-7-5469-7710-2

Ⅰ.①大… Ⅱ.①帕… ②库… ③高… ④买… Ⅲ.
①漫画－连环画－西班牙－现代 Ⅳ.①J238.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 264044 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

丛 书 名　地球环保小卫士
书　　名　大地身体要健康（维吾尔文）
作　　者　(西)何塞普·帕劳
插　　图　(西)罗莎 M·库尔托
译　　者　买然木汗·那以甫
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　　版　乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　3
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7710-2
定　　价　18.00 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中央广播电视大学出版社2014 年 1 月第 1版,2014 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھىمەردان ئەنۋەر
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيبىۋ

مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# زېمىن، ئەزىز تېنىڭ ئامان بولسۇن!

ئاپتورى: خېرسىپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7710 - 2
**باھاسى:** 18.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى ـ شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-5469-7710-2

9 787546 977102 >

定价：18.00 元